# بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتنى چىڭ كۆزلەپ ئۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۈرتكە بولۇپ ئۈزلۈكسىز نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خىزمەتلەرنى چىڭ تۇتتى، نۇرغۇن يارقىن نۇقتىلار بارلىققا كەلدى. بىرىنچى، پارتىيە مەركزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى جايىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلەتنىڭ رايون تەرەققىيات ئومۇمىي ئىستراتېگىيەسىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە قويۇپ بىرتۇتاش پىلانلاپ، پۈتۈن مەملىكەت تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك، جانلىق ئېشىش قۇتۇپى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈلگىلىك رايونى، باشلامچىلىق بىلەن زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرغان يېتەكچى رايون، رايونلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى يېڭى ئېگىزلىكتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئورۇننى چىڭ كۆزلىدى. ئىككىنچى، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىپ، نۇقتىلىق ساھە ۋە نۇقتىلىق رايونلارنى چۆرىدەپ بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، نۇقتا ئارقىلىق دائىرىنى يېتەكلەپ بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مۇساپىسىنى تېزلەتتى. ئۈچىنچى، ئىستراتېگىيەنى يولغا قويۇش نەتىجىسى نامايان بولدى، يىرىك پىلان سىياسەت سىستېمىسىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلمىسى» دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى، كۆپ قاتلاملىق خىزمەت مېخانىزمى ئەمەلىي ئۈنۈمنى جارى قىلدۇردى، بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەريانىدا، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش مېخانىزمى ۋە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئۆل ئەسلىھەلىرى رولىنى جارى قىلدۇردى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتى شەكىللەنمەكتە. بۇ، پارتىيە مەركزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ياخشى تۈرتكە بولۇشتا جەزمەن چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر تونۇش كېرەك. بىرىنچى، باشلامچىلىق بىلەن يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھازىر يەرشارىۋى بازار تارىيىۋاتقان تاشقى مۇھىتتا، بىز جەزمەن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېزدىن شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ئىختىساسلىقلار مول توپلانغان، پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسى يۇقىرى، ياسىمىچىلىق تەرەققىي قىلغان، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى نىسبەتەن مۇكەممەل ۋە بازار يوشۇرۇن كۈچى زور بولۇشتەك نۇرغۇن ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش يولى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىشى كېرەك. ئىككىنچى، باتۇرلۇق بىلەن دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا ۋە كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىشتىكى يول ئېچىش ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇش كېرەك. ھازىر، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئۆزگىرىشى تېز ئۆزگىرىۋاتىدۇ، بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. شاڭخەي ۋە چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى يۇقىرى سەۋىيەلىك پەن ـ تېخنىكا تەمىناتى بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى ئېگىزلىكىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك. يېقىندىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى تەتۈر ئېقىم، تەتۈر شامالغا دۇچ كەلدى، قانچىكى مۇشۇنداق بولغانسېرى، بىز ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش بايرىقىنى شۇنچىكى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشىنى قوغدىشىمىز ۋە يېتەكلىشىمىز كېرەك. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ئىزچىل ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئالدىنقى سېپى بولۇپ كەلدى. خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاپ، ئېچىۋېتىلگەن، مۇلازىمەت قىلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تەرەققىيات مۇھىتى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىختىساسلىقلار ۋە كارخانىلارنى ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، سودا ۋە سېلىنمىنى قولايلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ خەلقئارا بازار ۋە دۆلەت ئىچى بازىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم كۆۋرۈككە ئايلىنىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتا بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق سۆزنى چىڭ كۆزلەپ، بىر گەۋدىلەشكەن تەپەككۇر يولى ۋە تەدبىرلەر ئارقىلىق مەمۇرىي توسۇقنى بۇزۇپ تاشلاپ، سىياسەتلەرنىڭ ماسلىشىشىنى ئۆستۈرۈپ، مۇھىم ئامىللارنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە راۋان يۆتكىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، بۇ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سېلىشتۇرما ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ مۇجەسسەملەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق.

بىرىنچى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەر دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى تۇتۇش ئالدىنقى شەرتىدە، پارتىيە مەركزىي كومىتېتى چىقارغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىشى كېرەك. تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش تەدبىرلىرىنى ئاساسىي قاتلامغا بىۋاسىتە يەتكۈزۈپ، بازار سۇبيېكتىغا بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈپ، پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى ياسىمىچىلىق ۋە ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنى نۇقتىلىق قوللاشقا يېتەكلەش كېرەك. رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپلەرنى رەقەملەشتۈرۈپ، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇپ تىپىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنما ئېھتىياجىنى قويۇپ بېرىش كېرەك.

ئىككىنچى، پەن ـ تېخنىكىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. يېڭىلىق يارىتىش تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى، تەرەققىيات تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى جەزمەن ئۆز قولىدا چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەر پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى توپلاپ، دىققەتنى توپلاشتۇرۇلغان توك يولى، بىيودورىگەرلىك، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار قاتارلىق نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بالدۇرراق بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بىر تۈركۈم ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق پەن ـ تېخنىكا تىپىدىكى كارخانىلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچى، چاڭجياڭ دېلتىسىدىكى شەھەرلەرنىڭ تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىدىكى شەھەرلەر بالدۇر ئېچىلىپ قۇرۇلغان، كونا شەھەر رايونى كۆپ، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، بۇ ئىش ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتى ۋە شەھەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتىغا چېتىلىدۇ، ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ ئامال قىلىپ ھەل قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىردەك كەڭ كۆلەمدە چېقىش، كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىشقا بولمايدۇ، تارىخىي مەدەنىيەت ۋە شەھەر قىياپىتىنى ياخشى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش، «شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر قىياپەتتە، بىنالارنىڭ ھەممىسى بىر ئۇسلۇبتا بولۇش»تىن ساقلىنىش كېرەك. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆي ـ زېمىننى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋېلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئۆينى پۇل تېپىش ۋاستىسى قىلىۋالماي، تۇرالغۇ قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆي ـ زېمىن بازىرىنىڭ تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، تەرەققىي تاپمىغان رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى كۈچەيتىش كېرەك. بىر گەۋدىلەشتۈرۈشنىڭ بىر مۇھىم مەقسىتى رايون تەرەققىياتىدىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش. تەرەققىيات پەرقى كۆپ ھاللاردا تەرەققىيات بوشلۇقىدىن ئىبارەت. ئالاقىدار تارماقلار تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا قارىتا تېخىمۇ دەل جايىدا بولغان تەدبىرلەرنى چىقىرىپ، يولغا قويۇپ، بۇ رايونلارنىڭ چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش قەدىمىگە يېتىشىۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەڭ قورساق، سىغدۇرۇشچان بولغاندىلا زورىيىش بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى، تەبىئىي شارائىتى تەكشى بولماسلىق ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، مەسىلەن، شەھەر بىلەن يېزا ـ كەنت، تۈزلەڭلىك بىلەن تاغلىق رايون، كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى بىلەن ئېكولوگىيەلىك مۇھاپىزەت رايونى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئاددىي، مېخانىك ھالدا تەڭپۇڭلۇق خاراكتېرىدە چۈشىنىشكە بولمايدۇ. تەرەققىياتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىقتىسادىي قانۇنىيەت، تەبىئىي قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوبيېكتىپ پەرقنى ئېتىراپ قىلىش، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەسلىك كېرەك.

بەشىنچى، پۇدۇڭنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بۇ يىل شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقى، پۇدۇڭنىڭ ئىسلاھاتتا سىستېمىلىق، توپلاشقان، ماس، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇش، يۇقىرى سەۋىيەلىك تۈزۈم تىپىدىكى ئېچىۋېتىش، يەرشارىۋى بايلىقنى تەقسىملەش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، شەھەرنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئالدىن يولغا قويۇش، ئالدىن سىناق قىلىش، پائال ئىزدىنىش، تەجرىبە يارىتىشنى قوللاش شاڭخەي ھەم چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، ھەتتا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شاڭخەي ئەركىن سودا تەجرىبە رايونى لىنگاڭ يېڭى تەۋەلىك رايونى قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، تەجرىبە ئېتىزلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شاڭخەي خەلقئارا پۇل مۇئامىلە مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، چاڭجياڭ دېلتىسى ۋە پۈتۈن مەملىكەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك.

ئالتىنچى، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ يېشىل تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى چاڭجياڭ ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ باشلامچىسى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ئالدىدا مېڭىپلا قالماي، يەنە ئېكولوگىيەنى قوغداش ۋە بەرپا قىلىشتىمۇ ياخشى باشلامچى بولۇشى كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى چىڭ تۇتۇپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى پاسكىنا سۇ، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئالغا سىلجىتىپ، خىمىيە سانائىتىدىن بۇلغىنىش، يېزا ئىگىلىكىدە دائىرىلىك مەنبەلىك بۇلغىنىش، كېمە ـ پاراخوتتىن بۇلغىنىش ۋە قالدۇق رۇدا ئامبارلىرىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش كېرەك. تەيخۇ كۆلى رايونى ئەتراپىدىكى شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئورگانىك تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، پايدىلىنىشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۈرۈشلۈك ياندىش كاپالەت تەدبىرلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىنى ئورتاق ئاسراش، بىرلىكتە تۈزەشنى ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەپ، مەملىكەت بويىچە ئورگانىك تاشلاندۇقلارنى بىر تەرەپ قىلىش، پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسىتىش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىدا بېلىق تۇتۇشنى مەنئىي قىلىش ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلان، ئەۋلادلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان مۇھىم تەدبىر. دەريا بويىدىكى ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىرتۇتاش پىلانلاش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، بېلىقچىلىقتىن چېكىنگەن بېلىقچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ۋە تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قانۇنسىز بېلىق تۇتۇش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، جەزمەن بېلىق تۇتۇشنى مەنئىي قىلىش خىزمىتىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت قولايلىقىدىن ھەممىبەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆپرەك كۆزلەپ، خەلقنىڭ غېمىنى كۆپرەك يەپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش كېرەك. ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەر بۇ قېتىمقى يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەجرىبىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ھەمكارلىق مېخانىزمىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىۋى سەھىيە قاتارلىق ئېغىر، زور تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تېببىي داۋالاش ـ سەھىيە ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. بىرلىككە كەلگەن ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىياسىتىنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پىلانلىق ھالدا دورا مۇندەرىجىسى، دىياگنوز قويۇپ داۋالاش تۈرلىرى، تېببىي مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى مۇندەرىجىسىنىڭ بىردەك بولۇشىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت كارتىسىنى ۋاسىتە قىلىپ، ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلىدىغان «ھەممىباب كارتا» بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قاتناش، سەپەرگە چىقىش، ساياھەت ئېكسكۇرسىيەسى، مەدەنىيەت ھېس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە «بىر شەھەردە ئوخشاش مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولۇش»نى ئالدى بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شەھەر ـ يېزىلاردا ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، تەبىئىي ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئىگىلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزلەش، سىياسەت بەلگىلەش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىقتىدارى ۋە ئىرادىسىنى ئۆستۈرۈپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش جەريانىدا ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىش كېرەك. سىياسىي ئۆلچەمنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچىلىك بولىدىغان، تايىنىشقا بولىدىغان، خاتىرجەم قىلىدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىقتىدارلىقلار چىقىدىغان، مۇنەۋۋەرلەر مۇكاپاتلىنىدىغان، ئىقتىدارسىزلار چۈشۈرۈۋېتىلىدىغان، ناچارلار شاللىۋېتىلىدىغان توغرا يۆنىلىشنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۇيغۇن كېلىدىغان كادىر ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. كارخانا پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كارخانىلارنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىگە مۇلازىمەت قىلىش، بازار ئېچىش، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكى، تەشكىلىي ئەۋزەللىكىنى كارخانىنىڭ تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا ئىگىلىكتىكى تەشكىلاتلاردا پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيەلەش، باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى ئاۋانگارت نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بىر كۈندىلا ئۇتۇق قازانغىلى بولمايدۇ، بىزدە ھەم تارىخىي سەۋرچانلىق بولۇشى، ھەم مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەيدىغان تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى بولۇشى، ھەم ئۇزاق كەلگۈسىنى پىلانلىشىمىز، ھەم ھازىر ئىشلىشىمىز كېرەك. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى چوڭ يۆنىلىش، چوڭ پرىنسىپ ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلەپ، پارتىيە مەركزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى بويىچە، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، دادىل بۆسۈش ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يىرىك پىلانىنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ، ئۈزلۈكسىز تۆردە تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

خەن جېڭ سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق سۆزنى چىڭ كۆزلەپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا تېخىمۇ زور نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. تىرىشىپ مەملىكەت بويىچە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى ئۈلگىلىك رايون بەرپا قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم ئايلىنىشىنى ساقلاپ، كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىش كېرەك. يۇقىرى سۈپەتلىك يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا مەركەزلىك بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىش، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە كەسىپتە يېڭىلىق يارىتىشنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ياسىمىچىلىقتا تەتقىق قىلىش ـ ئېچىش ئېگىزلىكىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشكە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئەركىن سودا سىناق رايونىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش سۈپىسى بەرپا قىلىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماسلىشىشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، بىر گەۋدىلەشكەن تۈزۈلمە ـ مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئورتاق ئاسراش، بىرلىكتە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت قولايلىقىدىن ھەممىبەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، چېن شى، ۋاڭ يوڭ ھەمدە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەرلەردىكى مەسئۇل يولداشلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شەھەر ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەبلەغنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ، مەبلەغنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئاپتونوم رايوننىڭ بىۋاسىتە مەبلەغ ئومۇمىي چىقىمى 50 مىليارد 146 مىليون يۈەن بولدى؛ ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، شەھەر دەرىجىلىك، ناھىيە دەرىجىلىك خامچوتنى چۈشۈرۈش سۈرئىتى بىردەك 100% بولدى.

ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم مېخانىزمى ئورنىتىپ، مەركەزنىڭ يېڭىدىن كۆپەيتىلگەن مالىيە مەبلىغىنى شەھەر، ناھىيە ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە بىۋاسىتە يەتكۈزۈش، بىۋاسىتە ھالدا كارخانىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. پارتىيە مەركزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم مېخانىزمى ئورنىتىش توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا ئاساسەن، مەركەز مالىيەسى مالىيە قىزىل رەقىمىنى كۆپەيتىش، ئالاھىدە زايوم تارقىتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە مەدەت بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: مەركەزنىڭ بىۋاسىتە يەتكۈزۈلىدىغان مەبلىغىنىڭ بىرىنچى ۋاقىتتا ناھىيە، شەھەر ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە تولۇق چۈشۈرۈلۈشى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىم زىددىيىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە پەسەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى كۈچلۈك مەبلەغ كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.